# 240415 - بىر ئايال ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرىسمۇ تاھارەت يېڭىلاش توغرىسىدا سورايدۇ

## سۇئال

قىز-خانىملار ھەج ۋە ئۆمرە جەريانىدا، ھەرەم مەسجىدىدىن ھاجەتخانىغا بېرىپ-كېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرەمنىڭ ئىچىدىكى ئاياللارغا خاس بولغان ئورۇنلاردا تاھارەت يېڭىلاشنى مەقسەت قىلسا قانداق قىلىدۇ؟، گەرچە بۇ ئورۇن ئاياللارغا خاس ئورۇن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئىككى قولنى يۇغاندا بىلەكلىرىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ، بېشىغا مەسھ قىلغاندا پېشانىسى تەرەپكە مەسھ قىلىپ بېشىغا قولى بىلەن ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن مەسھ قىلسا بولامدۇ؟، مۇشۇنداق ھالەتتە قىز-خانىملارنىڭ تاھارەتنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا ئوچۇق چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايال كىشى ئەرلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا تاھارەت ئېلىشقا قىستالغاندا، باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنە بىر ئايال ئۇنى جەينىماز ياكى ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن توسۇپ تۇرۇشى ياكى تاھارەت ئالغاندا ئېچىلىپ قالغان جايلىرىنى ئەرلەرنىڭ كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ئۆتكەنلەرگە دۈمبىسىنى قىلىپ تاھارەت ئېلىشى كېرەك.

قولنى يېڭىنىڭ ئىچىدىن چىقارمىغاندا، ئىككى قولنى يۇغىلى بولمايدۇ، تاھارەتتە يۇيۇلىدىغان ئەزاغا سۇنى قۇيۇپ تولۇق يۇيۇش پەرز بولىدۇ، قولنى يېڭىدىن چىقارمىغاندا تولۇق يۇغىلى بولمايدۇ.

بېشىغا مەسھ قىلىش مەسىلىسىدە، دەسلەپتە پېشانىسىگە مەسھ قىلىدۇ ئاندىن ياغلىقتىن ئۈستىدىن بېشىغا مەسھ قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاياللارنىڭ ياغلىقنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بولۇپمۇ ئېھتىياجلىق بولغان ئەھۋاللاردا شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپىراق مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن 139719-نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاياللارنىڭ ئالدىدىن چەككەن ياغلىق ئۈستىدىن مەسھ قىلىشى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆزقاراش بولۇپ:

بىرىنچىسى: بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا رۇخسەتنى بايان قىلغان دەلىللەر ئەرلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك، ئاياللار توغرىسىدا شەكلىك، چۈنكى ئاياللارنىڭ بېشىنى ئورىغان ياغلىقى ئۇلارنى نامەھرەمدىن ساقلايدىغان نەرسىدۇر.

ئىككىنچىسى: ئايالنىڭ ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن بېشىغا مەسھ قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە: «**«ئۆتۈككە ۋە ياغلىققا مەسھ قىلىڭلار»**» دېگەن، بۇ ھۆكۈم ئومۇم بولۇپ ئەرلەرگە ئەگەشتۈرۈپ ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خۇددى ئۆتۈككە مەسھ قىلىش ئەرلەرگە بايان قىلىنغان بولسىمۇ ئاياللارمۇ بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى مۇنزىر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇنىڭ :**«ياغلىقىنىڭ ئۈستىدىن بېشىغا مەسھ قىلغانلىقىنى»** بايان قىلغان. ئەگەر ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھۆكۈم ئالمىغان بولسا ئىدى، ياغلىق ئۈستىدىن مەسھ قىلمىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەقسىتىنى بەكرەك چۈشەنگەن كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر.

باشقا مەسھ قىلىشتا ئەرلەرنىڭ باش كىيىمىنىڭ ئۈستىدىن مەسھ قىلىشى دۇرۇس بولغاندەك ئاياللارنىڭمۇ باش كېيىنمىنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

ياغلىق بېشىنى ئوراش دۇرۇس بولغان باش كىيىمى بولۇپ، كۆپىنچە ئۇنى بېشىدىن ئېلىش قېيىن بولىدۇ، ئۇ ئەرلەرنىڭ بېشىغا چەككەن سەللىسگە ئوخشايدۇ.

ئاياللارنىڭ باش ياغلىقى ئەرلەرنىڭ سەللىسىدىنمۇ بەكرەك باشنى يۆگەيدۇ، كۆپىنچە ئۇنى بېشىدىن ئېلىش قېيىن بولىدۇ، ئاياللارنىڭ بېشىغا مەسھ قىلىشقا بولغان ئېھتىياجى ئاياغقا مەسھ قىلىشتىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ".
["شەرھۇل ئۇمدە" ناملىق ئەسەرنىڭ تاھارەت بۆلۈمى 265-بەتتىن ئېلىندى].

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 148129 -72391-112171-نۇمۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.